# شنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 1 - ئاي
2
پەيشەنبە
维吾尔文 1 月2日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24928 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شىددەتلىك دولقۇندا باتۇرلۇق بىلەن چىڭ تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەش

### — يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2019 - يىلى دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكى توغرىسىدا بايان

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

يېڭى يىل قوڭغۇرىقى چېلىنىپ، يۈز مىليونلىغان جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش مۇساپىسىدىكى ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىلنى كۈتۈۋالدى —— 2020 - يىلى، 21 - ئەسىر يېڭى ئون يىلغا كىردى، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانى پات يېقىندا ئاماللىنىدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ 1000 يىللىق ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئارزۇسى بىزنىڭ كۆرىشىمىز داۋامىدا ئىشقا ئاشىدۇ.

ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن بىر يىلغا نەزەر سالساق: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈپ قوماندانلىق قىلىپ، «جۇڭگو ناملىق» غايەت زور پاراخوتنى ھەيدەپ دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، قەتئىي ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندى

# جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتايلى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى 2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق 1 - سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتايلى» ناملىق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش —— پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشى، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى، خەلقنىڭ بەختى، ئامانلىقى - ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور مەسىلە. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان قارارda دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدا نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە نېمىنى مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نېمىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم، زور سىياسىي مەسىلىگە ئومۇميۈزلۈك جاۋاب بېرىلگەن بولۇپ، ماركسىزملىق پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت، شۇنداقلا ماركسىزملىق سىياسىي خىتابنامە. پۈتۈن پارتىيە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە ياخشى، ئەمەلىي تۇتۇشى كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىشەنچىنى چىڭىتىش كېرەك. تۈزۈم ئەۋزەللىكى بىر دۆلەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى، تۈزۈم رىقابىتى دۆلەتلەر ئارا ئەڭ تۈپ رىقابەت. تۈزۈم مۇقىم بولسا دۆلەت مۇقىم بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا، كۆپ تەرەپلىك روشەن ئەۋزەللىككە، مول ئەمەلىي نەتىجىگە ئىگە.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان پەيت كۆز ئالدىمىزدا

□ شۈەنيەن

ھامان بەزى يىللاردا، چوقۇم ۋاقىت كوردىناتىغا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئىزلار ئويۇلىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2020 - يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل. ئاتاكىغا ئۆتۈشنىڭ بۇرغىسى چېلىندى. تارىخ 21 - ئەسىرنىڭ 20 - يىلىغا كەلگەندە، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان جۇڭخۇا مىللىتىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىگە پات ئارىدا تارىخىي خاراكتېرلىك خاتىمە بېرىلىدۇ، بىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە يەنىلا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا ئېتىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ مىڭ يىللىق ئىزدىنىشتە ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پەيت كۆز ئالدىمىزدا تۇرماقتا. تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرماسلىق ئىرادىسى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئەڭ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، پۈرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھىي قىياپەتتە جاسارەت بىلەن يېڭى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

**(1)**

قاتمۇقات تاغ چوققىلىرىنى بويسۇندۇرغان تاغقا چىققۇچى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىسىلا، كۆن چىققان چاغدىكى كۆركەم مەنزىرىدىن ۋە دولقۇنلاپ تۇرغان بۇلۇت دېڭىزىدىن بەھر ئالالايدۇ. يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ ئارزۇسى يۈكلەنگەن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش مۇساپىسىدە، غەلىبە كېمىسىنىڭ «ماچتا ئۈچى»نى يىراقتىن كۆرگىلى بولىدىغان بولدى، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىسەكلا، ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ پەيتىنى كۈتۈۋالالايمىز.

تارىخنى ئەسلىسەك، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش ئىزچىل جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ ئاددىي ئارزۇسى بولۇپ كەلگەن. كوڭزىنىڭ خەلقنى بېيىتىش ئىدىيەسى، چۇ يۈەننىڭ «ياخشى سىياسەت» ئىدىيەسىدىن جۇ شىنىڭ «قورساق تويدۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش»ى، كاڭ يۇۋېيىنىڭ بۈيۈك بىرلىك يولىغىچە تارىختا ئۆتكەن دانىشمەنلەرنىڭ خەلقنى بېيىتىش، خەلقنى باياشات قىلىش ئىنتىلىشى ئەزەلدىن توختاپ قالغان ئەمەس. مەيلى «پۇقرالار بەك جاپا - مۇشەققەت چەكتى، خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغان چاغ كەلدى» دېگەن گۈزەل ئىستەك بولسۇن ياكى «ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغان، بايلىق ۋە مەھسۇلاتلار مول، خەلق ئامان ۋە سالامەت» دېگەن قىزغىن تىلەك بولسۇن، مەيلى «ئەلنى خۇشال قىلماقچى دېسەڭ، ئۇلارنى خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىل» دېگەن چوڭقۇر ھېسسىيات بولسۇن،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بەس - بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى —

# پەيتنى قولدىن بەرمەي، ياشلىق باھارىمىزغا يۈز كېلىمىز

دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بەس - بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى بىر يىلدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان كۆرەش قىلىش ھالىتىمىز بىلەن، ياشلىق باھارىمىزغا يۈز كېلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىمىز.

**شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئالقىش ياڭرىتىمىز**

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەكشى، مۇقىم ئالغا سىلجىتىلدى، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئاچقۇچلۇق ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، چاڭئې 4 - نومۇر ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئاي شارىنىڭ ئارقا يۈزىگە قوندى، 5G نىڭ سوددا ئىشلىتىلىش سۈرئىتى تېزلىتىلدى... رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ پەخرىلىنىش تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتتى، ئۇلار ۋەتەننىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بىرلىكتە ئالقىش ياڭراتتى.

«دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر قالتىس جۇڭگو سالاپىتى، جۇڭگو كۈچىنى نامايان قىلىپ، بىزنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈچىمىزنى تېخىمۇ بارلىققا كەلتۈردى.» ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ باشلىقى دىڭ جىباۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: خۇددى رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە ئېيتقاندەك، ئۆتكەن بىر يىلدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەرەققىياتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. شىنجاڭ بىر قاتار «ئاممىغا يېقىن» ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا مۇلازىمەت قىلىپ، كارخانىلارنىڭ «كىرگۈزۈش»ى ۋە «چىقىرىش»ىغا تۈرتكە بولۇپ، سودىنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ھاياتىي كۈچ قوشتى.

«رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى مېنى ناھايىتى روھلاندۇردى. مەن ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقىدىن پەخىرلەندىم، شۇنداقلا جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ئىرادەم ۋە ئىشەنچىم تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.»

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



**بوغدا كۆلىدە يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش**

**1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ساياھەتچىلەر تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدا ئويۇن كۆرمەكتە. شۇ كۈنى، 2020 تيانشان بوغدا كۆلى يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىپ بەخت چىللاش «بوغدا كۆلىنى سۆيۈش مۇھەببەت فوكاگدا» ساياھەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، نەچچە مىڭلىغان ساياھەتچى جەلپ قىلىندى.**

**□ سۈن تيەن فوتوسى**

## «شىنجاڭلىقلارنىڭ ئېچىۋېتىشچان، سىغدۇرۇشچان، ئىنتىلىشچان ئالغا ئىلگىرىلەشچانلىقى مېنى جەلپ قىلدى»

**چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى شىنجاڭ**

□ مۇخبىرىمىز جاۋ چۈنخۇا

جۇڭگو شىنجاڭغا كەلگىنىگە بىر يىلدىن ئاشقان، شىنجاڭ داشۆ خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش شۆيۈەنىنىڭ ساياھەت باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇۋاتقان گانالىق ئوقۇغۇچى دانىئېل سارفو بەزى ئاددىي خەنزۇچە گەپلەرنى قىلالايدىغان بولدى. 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئەينى چاغدا نېمە ئۈچۈن شىنجاڭغا كېلىپ ئوقۇشنى تاللىغانلىقىنى تىلغا ئالغاندا، دانىئېل بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى.

«مەن لى لىيەنجيېنى ياخشى كۆرىمەن!» دانىئېل گېپىنى تولۇقلاپ: لېكىن مەن جۇڭگو گۇڭفۇسىنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كەلمىدىم، دېدى. يۇرتىدىكى چاغدا دانىئېل جۇڭگونىڭ كىنولىرىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدىكەن، كىنولاردىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىش روھى ۋە جۇڭگونىڭ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا كۈچەشتەك چوڭ دۆلەت مەسئۇلىيەتچانلىقى ئۇنى تەسىرلەندۈرگەن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئادىلەنىڭ گۈزەل يېڭى تۇرمۇشى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

□ مۇخبىرلىرىمىز شيې خۇيبيەن، جېڭ جوۋ

2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، يەكەن ناھىيەسىنىڭ ئىلىشقۇ بازىرى چىغلىقبۇلۇك كەنتىگە بېرىپ، يىراقتىنلا مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق، يەنە يېقىنلاپ بارساق، ماشىنىنىڭ رىتىملىق تاراقلىغان ئاۋازى بىلىنەر - بىلىنمەس ئاڭلاندى.

ئاۋازغا ئەگىشىپ، مۇخبىرلار كەنتتىكى بىر كىيىم - كېچەك پىششىقلاش زاۋۇتىغا كەلدى. «ئاچا - سىڭىللار، بۈگۈن مال تاپشۇرۇشنىڭ ئاخىرقى كۈنى، كۆپچىلىك غەيرەت قىلىپ ئىشلەڭلار!» زاۋۇت ئۆيىدە، ئۇچىسىغا قارا رەڭلىك خۇرۇم بوغما چاپان، قېنىق كۆلرەڭ پادىچىلار ئىشتىنى، پۇتىغا قارا رەڭلىك ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيگەن بىر قىز مۇخبىرلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ ئارىلاپ ئېگىشىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، كۆپچىلىكنى ئۈزلۈكسىز ئىلھاملاندۇراتتى.

ئالدىغا بېرىپ سالاملىشىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئادىلە ئەكبەرنىڭ، كىيىم - كېچەك زاۋۇتىنىڭ مەسئۇلى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. كىيىم - كېچەك زاۋۇتىدىن باشقا، ئادىلە بىر نەچچە ئاي بۇرۇن يەنە مەبلەغ سېلىپ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئېچىپتۇ. «ھازىرقى تۇرمۇشۇمنى ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم» دېدى ئادىلە ھاياجانلانغان ھالدا.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا پۈتۈلگەن ئۇلۇغ سۆيگۈ ھېكايىسى

### — 9 - تۈركۈمدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئاخىرلىشىش پەيتىدە

□ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى

خەلق تۇرمۇشى ئەڭ چوڭ سىياسىي بولۇپ، بىر ئۈچى پۇقرالارنىڭ قازان - قومۇچلىرىغا، بىر ئۈچى دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا چېتىلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ خەلق تۇرمۇشى، بەخت - سائادىتى سىجىل ياخشىلىنىپ، خەلق تۇرمۇشى يۈكسەك رەسىمىنىڭ بارغانسېرى كۆركەم تۈسكە كىرىشىدە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى قالدۇرغان رەڭدار ئىزلار ئاز ئەمەس. 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 2017 - يىلىنىڭ بېشىغىچە، 9 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلار پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگراسىدىكى شىنجاڭغا كېلىپ، سەمىمىي قەلبى بىلەن خەلقنى كۆزلەپ، سادىق قەلبى بىلەن ئىش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن پايدىلىق تۆھپە قوشتى.

خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇلدى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلەغ تۈرلىرىنى خەلق تۇرمۇشىغا مايىللاشتۇرۇش، ئاساسىي قاتلامغا مايىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، 9 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن ئۆلكە، شەھەرلەر ئىلگىرى شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن كوللېكتىپلار سالغان ئۇل ئاساسىدا، ياردەمگە ئېرىشكۈچى جايلارنىڭ ئارزۇسى ۋە ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئەمىن ئۆي، مائارىپ، سەھىيە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق زور بىر تۈركۈم خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرىنى يولغا قويدى. تۈرلۈك «ئاچقۇچ تاپشۇرۇش قۇرۇلۇشى» «پۇل چېكى بېرىش قۇرۇلۇشى» ۋە «بىرلەشىپ ئورتاق قۇرۇش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى تولۇق ھېس قىلدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)